# يېڭى جۇڭگونى مەدھىيەلەش ئەڭ كۈچلۈك سادانى ياڭرىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى، بېيىتىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى دەۋر يۈكسەكلىكىگە بەلگە سېلىپ، ئەمەلىيەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى نامايان قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا، جۇڭگو خەلقىگە ئىدىيە بايرىقى تىكلەپ بېرىپ، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تۈپ يېتەكچى بىلەن تەمىنلىدى.

بىر يىلدىن بۇيان، تەشۋىقات، ئىدىيە سېپى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش ۋەزىپە قىلىپ، پارتىيە بايرىقىنى تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇردى. مۇھىمى توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشتا، قىممەتلىكلىكى يېڭىلىق يارىتىشتا، مۇھىم نۇقتىسى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە، تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى باھار يامغۇردەك بولۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشنىڭ چوڭقۇرلىششىغا، پۇختا بولۇشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزۇپ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇردى.

تەبىئەت رىتىمىغا ئەگىشىپ زېمىن باھارغا قايتىپ، بارلىق شەيئىلەر يېڭىلىنىشقا باشلىدى.

2020 ـ يىلى باشلاندى، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇش سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىلدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ 1000 يىللىق ئارزۇسى پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

تارىخ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، دەۋر چاقىرماقتا، خەلق تەقەززا بولماقتا.

توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى جاسارەت بىلەن يېپيېڭى ۋەزىيەت ياراتماقتا، كۆتۈرەڭگۈ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان دەۋر كۈچلۈك ساداسىنى ياڭراتماقتا!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باقمىچىلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. «ئۈچ ئايدا 3800 يۈەن تاپتىم، ئۇنۇمنى كۆرۈش بىلەن بىللە، مەن بىر داۋلىنى چۈشەندىم، پۇختا تىرىشىپ ئىشلىسەكلا، چوقۇم ياخشى جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز. بۈگۈنكى كۈندە، مەن توشقان بېقىشنى ئۆگىنىۋالدىم، يەنە باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈشنى ئويلاۋاتىمەن» دېدى ئابدۇخېلىل تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

بورتالا شەھىرىنىڭ بىلىن خارمودۇن يېزىسى جۇكىن كەنتىدىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى چاۋ لۇمېڭ مۇنداق بىلدۈردى: شى جۇشىنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەنگەنلىكى، باي، قۇدرەتلىك بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلەندىم ۋە ئىپتىخارلاندىم، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىم تولۇپ تاشتى. «2019 ـ يىلى ھوسۇل ئالغان بىر يىل، خىزمەت ئەترىتى يۇرتداشلارنى ‹نىلۇپەر گۈلىنى ۋاستە قىلىش› ئارقىلىق يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئۆزگىچە ‹نىلۇپەر ھىدى› مەززىلىك تائاملىرىنى ئېچىپ، نىلۇپەر گۈلى ساياھىتى سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆرپ ـ ئادەت مەنزىرە ساياھىتىدىكى سەر خىل لىنىيەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى. 2020 ـ يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، بىز داۋاملىق تىرىشىپ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرىمىز» دېدى چاۋ لۇمېڭ.

## «بىزگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ قوشتى»

2020 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى كۈنى، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان تۇرپان شەھەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى لو يەن شى جۇشىنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى ئاڭلىدى. «باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش ئومۇمىي سوممىسى 2 تىرىليون يۈەندىن ئاشتى.» بۇ سانلىق مەلۇماتنى ئاڭلىغاندا، 2019 ـ يىلدىكى كەچۈرمىشنى ئەسلەپ ئۇنىڭ قەلبى يەنە بىر قېتىم ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىغا تولدى. «ئۆتكەن بىر يىلدا، مەن خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىللە بىر يۈرۈش باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئىنچىكە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ھەر بىر سىياسەت پايدىسى ‹كاتتا سوۋغىتى›نى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزدۇق. يېڭى بىر يىلدا، بىز ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، باج تاپشۇرۇش مۇلازىمىتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلاش قاتارلىق جەھەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت، تېخىمۇ زور زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىمىز» دېدى لو يەن.

ئاقسۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى شەھەرچىسى(تەرەققىيات رايونى)دىكى شىنجاڭ جىڭلىيۈەن كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىدە، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ ئارال بازىرى تۇربەت ئارا مەھەللە كەنتىدىن كەلگەن گۈھەرقىز قەھرىمان ھەر ئايدا 3000 يۈەندىن كۆپرەك مائاش ئېلىپ، ئىشقا چۈشۈپ بىر يىل بولمايلا پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

شى جۇشىنىڭ سۆزلىگەن يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى كۆرۈپ، 2019 ـ يىلدىكى ئۆزىدىكى ئۆزگىرىش، زاۋۇتتىكى ئۆزگىرىش ۋە كەنتتىكى ئۆزگىرىشنى ئەسلەپ، گۈھەرقىز ئۆزىنىڭ باغچە رايونىدىكى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك ئىشچىلىرى بىلەن چەكسىز بەختلىك دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. «مەن بىر سېختىكى ئاچا ـ سىڭىللار بىلەن دائىم ئەتراپىمىزدىكى ئۆزگىرىش توغرىسىدا پاراڭلىشىمەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىدىمۇ ‹مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم› خورىنى بىللە ئېيتىمەن. ھەر قېتىم ئۆزۈمنىڭ بىر دېھقاندىن سانائەت ئىشچىسىغا ئايلانغىنىمنى تىلغا ئالغاندا، كېيىنكى پىلانىمنى سۆزلىگەندە، بايراملىق ئېسىل كىيىملىرىمنى كىيىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغاندا، شى جۇشىنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە ‹بىزگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ قوشتى› دېگىنىنى ھېس قىلىمەن. يېڭى بىر يىلدا، بىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز كۈچكە تولدى، قەلبىمىز ئۈمىدكە تولدى، ماھارىتىمىز، سەۋىيەمىزنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، كىرىمىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، كۈنلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزىمىز».

## «بىزنىڭ دوستلىرىمىز دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار بولدى»

«‹بىزنىڭ دوستلىرىمىز دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار بولدى!› خۇددى شى جۇشى يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە ئېيتقىنىغا ئوخشاش. ‹بىر بەلباغ، بىر يول› تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، بىزدەك بۇ ئېكسپورت سودىسى قىلىدىغان كارخانىلار ئۈچۈن چەت ئەل بازارلىرىغا يۈزلىنىشنىڭ چەكسىز پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى.» قورغاس جىنيى خەلقئارا سودا(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ شۇلىنىڭ ئېيتىشىچە، 2019 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، شىركەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ۋە رۇسىيەگە 1000 توننىدىن ئارتۇق مېۋە ـ چېۋە ئېكسپورت قىلغان. «بىزنىڭ كەسپىمىز قازاقىستاندىن تەدرىجىي باشقا دۆلەتلەرگە كېڭىيىپ، شىركەتنىڭ داڭقى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، بىزنىڭ چەت ئەل بازارلىرىنى ئېگىلىشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىمكانىيەت يارىتىلدى. كەلگۈسىدە بىز شى جۇشىنىڭ تەلىپى بويىچە، داۋاملىق دۇنياغا قۇچاق ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتنى سىرتقا چىقىرىمىز» دېدى جاڭ شۇلى.

«شى جۇشىنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى چوڭقۇر ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا تولغان، مەدەنىي، ئېچىۋېتىلگەن، سىغدۇرۇشچان چوڭ دۆلەت سالاپىتى نامايان قىلىنغان.» قەشقەر چىلۇ خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى گوۋ شىڭگۇاڭ مۇنداق دېدى: «كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، شىركىتىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو ـ تاجىكىستان، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان، جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان ئەشيا ئوبوروتى، سودىسىنى كېڭەيتتى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن بولغان سودا كۆلىمىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كېڭەيگەنلىكىگە گۇۋاھ بولدى. شى جۇشىنىڭ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى ئاڭلاپ، مەن تېخىمۇ ئىشەنچكە ۋە غەيرەتكە تولدۇم. بۇ يىل، بىز ئۆتكەن يىلقى ئاساستا، تىرىشىپ سودا سوممىسنى ئىككى قاتلاشنى پىلانلىدۇق».

**(مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، پەرىزات ئابدۇل، سۇڭ ياۋېن، مېھرىگۈل ناسىر، جاڭ جىلى، جاڭ رۇيلىن، جەزىرە نېسىپبېك، خەن چىنيەن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز بەي يانەن يازغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چۆرىدەپ، مەخسۇس كېڭەشش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش جەھەتتە قوش يۆنىلىشتە كۈچەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ، يېڭى دەۋردە مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى گەۋدىلەندۇرۇپ، يېڭى دەۋر سالاپىتىنى نامايان قىلدى.

## نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلىدى

يۆنىلىش پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، ئىدىيە كەلگۈسىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يول باشلايدىغان ماياك، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈپ مىزان.

بىر يىلدىن بۇيان، ئۈزلۈكسىز ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشتىكى دائىمىي ھالەتكە ئايلاندى.

ـــ سىياسىي يۈكسەكلىك تېخىمۇ يۇقىرى بولدى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت تەلىپىگە بىرلىككە كەلتۈردى.

ـــ نەزەرىيە ئۆگىنىش تېخىمۇ چوڭقۇر بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپا نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى ئۆگىنىشنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزلىرى، مۇھىم يوليورۇقلىرى ۋە مۇھىم ماقالىلىرىنى ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە ھەقىقىي كۈچ سەرپ قىلىپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش جەھەتتە ئەمەلىي تەدبىر قوللاندى.

ـــ پارتىيە قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىكى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىن يوليورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى بىرىنچى ۋاقىتتا يەتكۈزدى، ئىزچىللاشتۇردى؛ سىياسىي كېڭەش پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سەككىز مەخسۇس كومىتېت شۆبە پارتگۇرۇپپىسى قۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى، ئورگان پارتگۇرۇپپىسى، مەخسۇس كومىتېتلار شۆبە پارتگۇرۇپپىسى، ئورگان پارتكومى، ئورگان پارتىيە ياچېيكىسىدىن ئىبارەت «بەش دەرىجە بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان» پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى؛ سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىيا ئەزالىرى پارتىيەلىك دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ يىللىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا باھا بېرىش خىزمىتىنى تۇنجى قېتىم قانات يايدۇرۇپ، پارتىيەلىك ئەزالار پارتىيە سىرتىدىكى ئەزالار بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، يولغا قويۇپ، سىياسىي كېڭەشتىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە خىزمىتىنىڭ بارلىق ئەزالارنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك قاپلىشىنى ئالغا سىلجىتتى.

ـــ باش تېما تەربىيەسى تېخىمۇ ئەمەلىي بولدى. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى ئەسلەش، پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسنى قايتا ئوقۇش، «مىكرو پارتىيە دەرسى» سۆزلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەت، بۇرچ ۋە غايە ـ ئېتىقادنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن جەريانغا سىڭدۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىششىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى.

## مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى گەۋدىلەندۈردى ئورتاق تونۇشنى كەڭ كۆلەمدە مۇجەسسەملىدى

خەلق سىياسىي كېڭىشى دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، مەركەزنى چۆرىدەش، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىدىكى تۈپ مەقسىتى.

بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت قاراشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىكى بىرىكىش نۇقتىسى ۋە كىرىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، باشتىن ـ ئاخىر دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش نىشانغا مۇلازىمەت قىلىپ، باش نىشانى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، كېڭەشش مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كېڭەشش قارالمىلىرىنى بېكىتىپ، چوڭقۇر كېڭىشىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مەركەزلىك مۇھاكىمە قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بىر مەقسەت، بىر نىشاندا بولدى، ئەڭ كۈچ چىقاردى، ئوخشاش يۆنىلىشتە ماڭدى، ماس قەدەمدە بولدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارنى ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەمتۈرتكە مېخانىزمى ئورنىتىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تەشكىللىك بولۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەشنىڭ دەل جايىدا بولۇش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش تەكلىپىنى بەردى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش تەكلىپىنى بەردى؛ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇش تەكلىپىنى بەردى... بۇ، 2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا، ئەزالار دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بەس ـ بەستە چارە ـ تەدبىر كۆرسەتكەن ئېسىل كۆرۈنۈش.

ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى قانتىنىش دەل جايىدا بولدى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئاچقۇچلۇق جايغا باردى. يىغىندا، ئەزالارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى مۇجەسسەملەنگەن ھەربىر تەدبىر ـ تەكلىپ ئاچقۇچلۇق نۇقتىنى بىۋاستە كۆرسىتىپ بەردى، دەل جايىدا كۈچ قوشتى. يىغىندا چىقىرىلغان «باش نىشانىنى پۇختا ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى قارار» خۇددى ئاتاكا سىگنالىدەك پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى، ھەر مىللەت سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە كەڭ سىياسىي كېڭەش كادىرلىرىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

پارتكوم چاقىرىق قىلسا سىياسىي كېڭەش ھەردەمتكە كەلدى، پارتكوم ئورۇنلاشتۇرما قىلسا سىياسىي كېڭەش ئەمەلىيلەشتۈردى. باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تىرىشىپ ھەم ياخشى «سۆزلەش»نى، ھەم ياخشى «قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

«دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېغىر نامرات ناھىيە، شەھەرلەرنى نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشۇش» «ئۈرۈمچى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن سىناق رايونى تەسىس قىلىش» «ئائىلە مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتىش» «ئاتچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» قاتارلىق قارالمىلارنى چۆرىدەپ ئەزالارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى شەكىللەندۈرۈپ، 2019 ـ يىللىق جۇڭگو ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش كەسپى(شىنجاڭ) تەرەققىياتى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچ قوشتى؛ ئەزالارنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، تەكلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى دائىم پورەكلىتىپ ئۈزاققىچە ئېچىلدۇردى؛ يېزىلاردىكى «ھاجەتخانا ئىنقىلابى»، «كۆيتۈن ـ مايتاغ ـ شىخو» ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشى ئەھۋالىنى كۆپرەك تەكشۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى غەم ـ ئەندىشىلەرنى كۆپرەك تۈگىتىپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى خەلق ئۈچۈن دەيدىغان مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەتنى نامايان قىلدى؛ دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، «چېگرا مۇھاپىزەتچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇش»نى چۆرىدەپ كېڭىشىش سۆھبىتى ئېلىپ بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يەن ـ تېخنىكا ھەرىكىتى، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش توغرىسىدا مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن سىياسىي كېڭەش كۈچىنى تەقدىم قىلدى... بۇ بىر يىلدا، مەخسۇس كېڭەشش ئاپپاراتىنىڭ ۋۇجۇسكىسى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇلدى، پارتىيە ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم، زور مەسىللەرنىڭ ھەممىسى سىياسىي كېڭەشتە تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىندى، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىشلەندى.

بۇ بىر يىلدا، قوش يۆنىلىشلىك كۈچەش ئەمەلىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى، «ئىشنى مەسلىھەتلىشىپ قىلىش، كۆپچىلىكنىڭ ئىشىنى كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىش» ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كېڭىشىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش پائالىيىتىگە سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «داۋاملاشتۇرۇش» ئارقىلىق «مۇجەسسەملەش»كە تۈرتكە بولۇپ، كېڭىشىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئارقىلىق پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىگە بولغان تەلەپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئالدى.

## ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇردى

يېڭى دەۋر، يېڭى بۇرچ، يېڭى تەلەپ ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە «نېمە ئىشلارنى قىلدى»دىن «قانچىلىك ئىشلارنى قىلدى»غا ئەھمىيەت بېرىشتىن «قانچىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى»غا ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنىدىن بۇيان سۇنۇلغان تەكلىپ 758 پارچە، تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەكلىپ تۇرغۇزۇلغىنى 540 پارچە، تەكلىپ تۇرغۇزۇلۇش نىسبىتى 71.2% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.6 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىدى. بۇ تۆۋەنلىگەن سانلىق مەلۇمات دەل ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ «تەكلىپ ئاز بولسىمۇ، ساز بولۇش» ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، تەكلىپلەرنىڭ «قىممىتى»نى ئۆستۈرۈشتىكى كونكرېت تەدبىرى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تەكلىپ خىزمىتى نىزامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، «تۆتنى تەكشۈرۈش» ئاساسىدا تەكلىپ تۇرغۇزۇشنى كېڭەشش تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، ھەربىر تەكلىپ ماتېرىيالىنىڭ كەسكىنلىكى، ئىلمىيلىكى، مۇمكىنچىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ھەربىر تەكلىپنىڭ «توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، پۈت تىرەپ تۇرالىشى»غا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «كۈچلۈك يادرولۇق» تەكلىپكە ھەقىقىي ئايلاندۇردى.

«مەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى سۇ يۈۋلى، ھازىر مەن كۆپچىلىكنى باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەكتەپلەردە قانات يايدۇرۇلغان ‹بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش› تەربىيەسى ئەھۋالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرىمەن...» چوڭ ئېكراندىكى كۆرۈنۈشنىڭ ئالمىششىغا ئەگىشىپ، سۇ يۈۋلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ مەكتەپ تارىخى سارىيى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 67 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە كېلىپ، ساۋاقداشلارنىڭ «شاگىرتلار يوسۇنى»نى دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى، «خۇڭمېيغا مەدھىيە»نى ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى...

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئاچقان ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنىدا، ئەزالار يىراق مۇساپىلىك كېڭىشىش شەكلىنى قوللىنىپ، سىنلىق بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش شەكلىدە سۆھبەتلەشتى، كېڭەشتى. شۇ پەيتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك شۆبە يىغىن مەيدانىدىكى نەچچە يۈز سىياسىي كېڭەش ئەزاسى تور ئارقىلىق يۈزتۇرا بىللە «ئولتۇردى». كېڭىشىشنىڭ رادىيوسى يەنىمۇ ئۇزارتىلىپ، «مەركەزداش چەمبەر» تېخىمۇ چوڭ سىزىلدى.

بۇ پەقەت ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىش ـ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش شەكلىنى ياخشىلاش، يېڭىلىق يارىتىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ـ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ـ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر كۆرۈنۈش.

مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ ئۇللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق ئەزالارنى ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلارغا كىرگۈزۈپ، ئەزالارنىڭ «تۆت خىل ئىقتىدارى»نى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «ئەزالار تاپشۇرۇقى»نى ياخشى ئىشلىدى؛ ئومۇمىي يىغىن خىزمەت قائىدىسى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى باشقۇرۇش چارىسى قاتارلىق تۈزۈملەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈم شەكلى ئارقىلىق ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يېڭى دەۋر سالاپىتىنى نامايان قىلدى.

يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، يېڭى مۇساپىدە ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دەل يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيەتچانلىق، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگۈچىلەرگە خاس قىياپەت، مەسئۇلىيەتنى يۇقىرى سۈپەتتە ئادا قىلىش ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشماقتا.